## 13711 ـ شەكلىك كۈندە روزا تۇتۇش ھەققىدە

### سوئال

شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كېچىسى ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن چىقتۇق، لېكىن ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا ئاينى كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى، شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى روزا تۇتىمىزمۇ قانداق؟ چۈنكى بۇ شەكلىك كۈن ئىكەنلىكى ئېنىق؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھ ئۈچۈندۇر.
شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى ياكى رامىزان ئېيىنىڭ ئەۋۋەلقى كۈنى ئىكەنلىكىدە شەك قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن بۇ كۈن شەك كۈن دەپ ئاتىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر ئاي بۇلۇتلۇق بولسا ئاينى 30 كۈنگە توشقۇزۇڭلار بۇخارىيدا رىۋايەت قىلىنغان 1909– نومۇرلۇق ھەدىس.
ئەممار ئىبنى ياسىر(ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:كىمكى شەك كۈنى روزا تۇتسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ تىرمىزيدىن، ئەلبانىي سەھىھ دېگەن. 553– نومۇرلۇق ھەدىس.
ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئەممارنىڭ بۇ سۆزى شەك كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ، چۈنكى ساھابىلار بۇنداق سۆزنى ئۆزلىگىدىن دېمەيدۇ بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ دەيدۇ.
سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى ئۆلىمالىرى، شەك كۈنى روزا تۇتۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى: "ھەدىسلەر شەك كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ" ھەيئەتلەرنىڭ پەتىۋاسى10–توم 117 ـ بەت.
شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) شەك كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: شەك كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى سۆزلەر ئەڭ توغرا سۆز، لېكىن ئىمامنىڭ ياكى يول باشچىنىڭ قارشىدا مۇشۇ كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ پەرزلىكى ئىسپاتلانسا ۋە كىشىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىسا، بۇ بۇيرۇق رەت قىلىنمايدۇ. شەرھى مۇمتىئ 6–توم 318 ـبەت.
ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.